# سەرخىل بالىلار قوشاقلىرى

## 2

# قارا - قارا قۇشلارىم



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# دوست

دوست ـ دوست،
چىمەن دوست.
نەگە بارسا
بىللە دوست.

بىر نان تاپساق
تەڭ يەيمىز.
سوقۇشماستىن
چوڭ بولىمىز.



# ئامال يوق

بالام ـ بالام، كۆتى پوق،
ئېرناي دېسەم لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دېسەم شوتا يوق
شوتا دېگەن دەرەختە،



كېسەي دېسەم پالتا يوق.
پالتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.
پۇلۇم دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچ ئاكام ئۆلۈپتۇ،
خۇمدان بېشىغا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادىمى يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
— ۋاي بېلىم،
ۋاي بېلىم،
قارىياغاچتىكى
قار يېلىم.



# قۇلۇلە

قۇلۇلە ـ قۇلۇلە،
بېشىڭنى چىقىرە.
يامغۇردا ئۆمىلە،
ئاپتاپتا تۈگۈلە.





# ئاپئاق

كىمنىڭ قولى ئاپئاق؟
مېنىڭ قولۇم ئاپئاق.
قولنى يۇيدۇم ئۈچ ۋاخ،
ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق.




# ئاپتاپ چىقتى

ئاپتاپ چىقتى ئالەمگە،
يۈگۈرۈپ باردىم ھەدەمگە.
— ھەدە ـ ھەدە، توقاچ بەر،
— قېنى بېرىپ ئوتۇن تەر.
ئوتۇن تەردىم بىر قۇچاق،
توقاچ ياقتۇق بىر ئوچاق.
ھەدەم شېكەر، ماي سالغاچ،
ئەجەب تاتلىق بۇ توقاچ.



# قارا - قارا قۇشلارىم

— قارا - قارا قۇشلارىم،
ئارقاڭدىكى نېمىلەرىڭ؟
— ئۇششاق - ئۇششاق باللارىم،
— ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
— كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!
— كۈچۈم نەگە كېتىپتۇ؟



— ئالا تاغقا كېتىپتۇ.
— كېتىپتىمۇ كېتىپتۇ،
— ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئۆردەك بىلەن غاز بار.
— يەنىچۇ؟
— ئۆردەك بىلەن غازلارنىڭ،
ئوينايدىغان سازى بار.
ساز ئىچىدە سۈپسۈزۈك،
سۇغا تولغان كۆلى بار.



# تەتە مونچاق

تەتە مونچاق،
قولىدا قورچاق.
قولىدا قورچاق
بوينىدا مونچاق.





# مېنىڭ ئاكام

ئاق كەپتەرمۇ موللاقچى،
كۆك كەپتەرمۇ موللاقچى.
مېنىڭ ئاكام چاقچاقچى،
ھەربىيلىككە بارماقچى.
ھەربىيلىككە بارغاندا،
قولىغا قورال ئالماقچى.
قارا نىيەت دۈشمەننىڭ،
بېشىغا چېنەپ سالماقچى.
مېدال ئېسىپ مەيدىسىگە،
ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە،
ئېتىزلىققا بارماقچى.
راسا ئىشلەپ ئېتىزغا،
مول ھوسۇلنى ئالماقچى.
مەلىمىزنىڭ ئىچىدە،
داڭدار بايدىن بولماقچى.



# ئوقۇيمەن

ئوقۇيمەنۇ ئوقۇيمەن،
ئوقۇپ ئەقىل تاپۇرمەن.
خەق ئويىنسا ئويىنسۇن،
مەن ئۇلاردىن ئاشۇرىمەن.
ياخشىلارغا ياخشى بوپ،
يامانلارنى يېڭەرمەن.




# گۈل تەردىم

ئەدىم - بەدىم گۈلشەدىم،
ئېرىق ئېلىپ گۈل تەردىم.
گۈل ئېچىلدى رەڭمۇرەڭ،
ئۈزدۇق كېلىپ تەڭمۇتەڭ.
گۈلگە قوندى كېپىنەك،
كىيىۋاپتۇ ئاق كۆڭلەك.
قوغلاپ بارساق ئۇچۇپلا،
گۈلدىن گۈلگە قونۇپلا،
قېچىپ كەتتى يىراققا،
گۈلنى قىسسۇن قولاققا.



# چاقام - پاقام

چاقام - پاقام،
يىلان، پاقام.
مەن چۆمۈلمىدىم،
يىلان بىلەن پاقا چۆمۈلدى.



# ئالاي دېسە پۇلى يوق

ئەخمەت باينىڭ بىر قىزى
باسما كۆڭلەك كىيىپتۇ.
باسما كۆڭلەك كىيدۇرگەن
ھېلىم بەگكە تېگىپتۇ.
ھېلىم بەگدە ئۆي تۇتۇپ،
ئالتە بالا تېپىپتۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق،
سۇرتەي دېسە لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دېسە شوتا يوق.
شوتا دېگەن دەرەختە،
كېسەي دېسە پالتا يوق.
پالتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسە پۇلى يوق.
پۇل دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسە ئاچقۇچ يوق.

ئاچقۇچكاملار ئۆلۇپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
ئاق مازاردا بىر دەمدە
ئاق تىكەنلەر ئۈنۈپتۇ.



# ئىككى تۇرغان

ئىككى تۇرغان بىر بوپتۇ،
بوي ـ بەستى ھەم تەڭ بوپتۇ.
قىلىقلىرى بەك ئوماق،
ئىككىسى تەڭ چوڭ بوپتۇ.



# پومزىكىم

كىچىككىنە پومزىكىم
قاڭقىۋاتىدۇ.
— ۋاي موما،
مېنى ئاپام ئۇرۇۋاتىدۇ.
— ئۇرسۇن بالام، قويۇپ بەر،





ھېرىپ -
ئاچقۇچە.
سەنمۇ قاڭقى توختىماي
بويىدىن ئاشقۇچە.
— ۋاي موما،
مېنى ئاتام تېپىۋاتىدۇ.
— تېپەر سېنى بىردەمگە،
پۇتى تالغۇچە،
كەتكىن سەنمۇ يىراققا
يېنىپ تەپكۈچە.
تەپكىنىگە يىرتىلماس،
ئۆرغىنىغا ھەم.
ئۆرۈپ - تېپىپ تاپىدۇ،
ئۆزلىرىگە پەم.



# يامغۇر ياغدى

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام
پارقىراپ كەتتى.

پاتقاق كەچتىم، سۇ كەچتىم،
ماكچىيىپ كەتتى.
ئانام كۆرۈپ ئۆتۈكنى،
ۋارقىراپ كەتتى.



# پاشا




بىر جانىۋار — ئۆزى كىچىك، قاناتلىق،
بىرنەچچە كۈن سۈرەلەيدۇ ھاياتلىق.
ئۇنىڭ ئېتى پاشاخان،
قان شوراپ باقىدۇ جان.
ئۇنىڭ يا پەي، تۈكى يوق،
ئېغىرلىقى — يۈكى يوق.
پاشا كېلىدۇ غىڭشىپ،
قونغۇچە قانات - پۇتى مىڭ لىڭشىپ.
بولمىسا ئادەم سەگەك،
چېقىپ قىلىدۇ بەزگەك.
پاشىلارنى يىغىپ باققىلى ئادەم يوق،
سويۇپ ساتقىلى قاسساپ يوق.
بۇ پاشىلارنى ئۆلتۈرسىمۇ،
سوئال - سوراق — ھېساب يوق.



# قوي

تاقىا ـ تۇققا،
زەنجىر ھالقا.
پاقا دەرەخكە چىقىپتۇ،
قۇيرۇقى شاخقا.
قارا قوي قېنى؟
قېچىپتۇ تاغقا.
تاغقا باقسام،
خەۋىرى باغدا،
يۈگۈرۈپ بارسام،
يۈرۈپتۇ سايدا.
قوينى تاپالماي
ھاشىماخۇنكام،
قاپتۇ داغدا.



# مۈشۈكۈم

مىياۋ - مىياۋ مۈشۈكۈم،
كاڭدا ئۈيناپ ياتىدۇ.
كىتىرلىسا چاشقانباي،
شۇئان ئۆزىنى ئاتىدۇ.
بوغۇپ چاشقان گېلىنى،
سۇندۇرىدۇ بېلىنى.
ئۈبدان مېنىڭ مۈشۈكۈم،
مېنىڭ بىلەن ئۈينايدۇ.
مىياۋ - مىياۋ قىلىپ ئۇ،
مەندىن ناننى سورايدۇ.
پومپايغاندا قورسىقى،
يەنە ئوۋغا چىقىدۇ.
چاشقان بار يەر ئارىلاپ،
دەم ئالدۇرماي بوغىدۇ.
بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چاشقانلار،
بىرى قالماي يوقايدۇ.
دەستىدە نان،
ئاسقۇدا گۆش،

تاختىدا سۈت،
ئورنىدا ماش.
تاغاردا بۇغداي،
قاپتا قوناق،
توردا ئارپا،
بېزەپ بولماي ساق قالدى.
مياۋ - مياۋ مۈشۈكۈم،
ئەمدى ئاسلان تۇغىدۇ.
ئالمان بولۇر ئاسلانلار،
چاشقانلارنى قويماي بوغىدۇ.



# ئالا قاغا



— ئالا قاغا،
ئۆيۈڭ نەدە؟
— ئالا تاغدا.
— نېمە يەيسەن؟
— سوقا جىگدە.
— نېمە قىلىسەن؟
— چوقۇلايمەن.
— يەنە - يەنچۇ؟
— كاركىرايمەن.
قورسىقىم ئاچسا،
قاتىرايمەن !




# كەپتەر ئۇچتى

— ھەي زەينەپ،
نەگە بارىسەن؟
— ئالتايغا.
— ئالتايدا نىمە بار؟
— قۇشۇم بار.
— قۇشۇڭ قايسى؟
— كەپتەرچۇ.
— كەپتەر ئۇچتى،
ئۆگزىگە چۈشتى.
دان چاچتىم،
ئۇچۇپ چۈشتى.



# چاققان پىش

ئارپا پىشتى،
بۇغداي پىشتى،
سەن نېمىشقا پىشمايسەن؟
چاققان پىش !
چاققان پىشمىساڭ،
ئاپام تىللايدۇ،
دادام چىقىپ،
قۇلاق تولغايدۇ،
پىشساڭمۇ پىش !
پىشمىساڭمۇ پىش !
چاققان پىش !




# لەگلەك كەلدى

لەگلەك كەلدى ـــ ياز كەلدى،
قانىتى قەغەز كەلدى.
لەگلەك كەلدى باغقا،
قۇلىقىدا هالقا.
هالقىسى چۇشۇپ قالدى،



قۇلىقى
پۈتۈپ قالدى.
مەن بوۋامغا ئەركىلىدىم،
قىزلارنىڭ شوخى ئىدىم.
مەن ئالتىگە كىرگەندە،
قىزلار ئۆيدە يۈرگەندە.
مەن ناغرىچى ئىدىم،
دۇمبۇر - دۇمبۇر چالاتتىم.
ناغرىلىرىم بۇزۇلدى،
زەنجىرلىرى ئۈزۈلدى.
يىراق تاغنىڭ باغرىدا،
نان بوۋامنىڭ بېغىدا.
قىزىلگۈللەر ئېچىلدى،
ئېپار پۇراق چېچىلدى.
مېنىڭ ئاكام ساپانچى،
كەتمەنچى، ئورمىچى.



# ياق

— داقمۇ؟

— داق.

— داداڭ ساقمۇ؟


— ساق.

— يانچۇقۇڭدا نېمە بار؟

— قاق.

— ماڭا بەرمەمسەن؟

— ياق !



# كاۋا

كاۋا ـ كاۋا،
قانداق كاۋا؟
تۇرپانيۈزىدە
پىشقان كاۋا.
تۇرپانيۈزىدە
بۇسارەم
خام كاۋىنى يەپ قويۇپ،
ئاغرىپ قاپتۇ
بىچارەم.



# يالغان دەپ قويدۇم

يالغان دەپ قويدۇم،
گۆشنان ئېپ قويدۇم.
سېنى كېلەمدىكىن دەپ،
كۆرپە سېپ قويدۇم.



# نېمە قىلدىم

ئالا تاغدا قارىغاي،
قېتىق بىلەن سېرىقماي.
ئالا تاغقا چىققاندا،
پالتام قالدى يارىماي.
مەن دوستلارغا نېمە قىلدىم،
دوستلار ماڭا قارىماي؟ !



# چۆچىكىم

چۆچىكىم - چۆچەك،
ئوتتۇرىسى دۇمچەك.
سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى،
ئۆملەپ قېچىپ كەتتى.
تۇتالمىدىم ۋايتوۋا،
توسالمىدىم ۋايتوۋا.



# بوۋىلار

بىرىنىڭ ئېتى پۇچۇلا،
بىرىنىڭ ئېتى كۇچۇلا.
ئاپئاق ساقال بوۋىلار
قىلدى نەچچە توۋىلار.

بوۋىنى بوۋا دېمەڭلار،
بوۋىلار ئالدامچىكەن.
بوۋىلارنىڭ ساقىلى
ئېشەككە ئارغامچىكەن.



# ئاي بىلەن ھەپتە

بىر ئاي بولۇر تۆت ھەپتە،
يەتتە كۈندۈز بىر ھەپتە.
ئاۋۋال باشلاپ دۈشەنبە،
قۇتلاپ كېلەر سەيشەنبە،
سايراپ كېلەر چارشەنبە،
ئاڭا قوشنا پەيشەنبە،
ئاندىن ئۆتكەن كۈن جۈمە،
پايلاپ كېلەر شەنبە،
ھەپتە تۈگەر يەكشەنبە،
ھەپتە كۈنى ئاشۇنداق،
ئۇنتۇپ قالساڭ بەك چاتاق.




# خان بوۋا

خان بوۋا، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
ناغرىنى ماڭا بېرىپ،
ئۆزى قاراپ تۇرغان بوۋا.

مەن ناغرىنى چالىمەن،
چېلىپ - چېلىپ ھارىمەن.
خان بوۋامغا يالۋۇرۇپ،
يەنە بىرنى ئالىمەن.

خان بوۋا، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
مېنىڭ ئاداشلىرىمنى
ناغرىچى قىلغان بوۋا.





# ساناق ئويۇنى

— بىر،

— قۇلىقى كىر.

— ئىككى،

— ئۆچكىنىڭ تۈكى.

— ئۈچ،

— ئىت مۈشۈككە ئۆچ.

— تۆت،

— پىشىپ كەتتى سۈت.

— بەش،

— چاپىنىڭنى يەش.



— ئالته،

— قۆيرۇقى كالته.

— يەنته،

— قانتى يوق كەپتەر (ر).

— سەككىز،

— خام قوناق يەپسىز.

— توققۇز،

— ئات هارۋاڭنى چاپقۇز.


— ئون ،

— بېدىلىككە قون.



# ئاپئاق بالا

ئاپئاق بالا
يۈز يۇيار،
چاپاق بالا،
لاي ئويناز.
بولمايلى بىز
چاپاق بالا،
بولايلى بىز
ئاپئاق بالا.




# ئاداشلارنىڭ بىرى مەن

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
ئاداشلارنىڭ بىرى مەن.
كىم ئوينىسا مەن بىلەن
شۇ ئاداشنىڭ خىلى مەن.
ئاداشلارنىڭ بىرى مەن،
شۇ ئاداشنىڭ خىلى مەن.



# ئۆنچە - مارجان چېچىلدى

ئۆنچە - مارجان چېچىلدى،
بالام، بالام، بالام.
تېرىۋالالماي كەچ قالدۇق،
بالام، بالام، بالام.
ئاي قۇيرۇقى يېيىلدى،





توسۇۋالالماي كەچ قالدۇق،
بالام، بالام، بالام.
يوغان تېرەك ئۆرۈلدى،
يۆلىۋالالماي كەچ قالدۇق،
بالام، بالام، بالام.
كىمخاب دوپپاڭ بار ئىدى،
بېشىڭغا لايىق بولدىمۇ،
بالام، بالام، بالام.
تاۋاردا يوتقىنىڭ بار ئىدى،
بويۇڭغا لايىق بولدىمۇ،
بالام، بالام، بالام.



# ئېھ - ئېھ، مەن ئاغرىق

ئېھ - ئېھ، مەن ئاغرىق،
داستىخاندا نان بارمۇ؟
چەينەكتە چاي بارمۇ؟
ئېھ - ئېھ، مەن ئاغرىق،
قازاندا ئاش بارمۇ؟
داڭقاندا شورپا بارمۇ؟
داڭقان يېرىلدى،
شورپا تۆكۈلدى.





# ھەي، ئايەم


كىچىككىنە قايچام
قولۇمنى كەستى.
ئۈنچە - مارجان چىچىلىپ،
يولۇمنى توستى.
— ھەي ئايەم،
ھەي ئايەم،
نەگە بارىسەن؟
— تاغقا بارىمەن.
— تاغدا نىمە بار؟
— تاغدا بادام بار.
— بادام كىمنىڭكى؟
— ئوتىۋاينىڭكى.
ئوتىۋاي - ئوتىۋاي.





# ئەتىلىككە ھېيت

ئەتىلىككە ھېيت !
ئاپاڭغا ئېيت !
ئىشتان - كۆڭلەك ئەپبەرگەي،
داداڭغا ئېيت !




# سىز كىمنىڭ بالىسى

— سىز كىمنىڭ بالىسى؟
— دادام بىلەن ئاپامنىڭ.
— ئاتىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟
— نۇرمۇھەممەت.
— ئاپىڭىزنىڭچۇ؟
— سالامەت.
— دادىڭىز نېمە قىلىدۇ؟
— ئوقۇتقۇچى.
— ئاپىڭىزچۇ؟
— ماڭا قارايدۇ.
— ئۆيۈڭلار نەدە؟
— چوڭ كۆۋرۈك يولىدا.




# ئۆزۆم پىشتىمۇ

مەستۆرەخانئايلا ئەھ،
ئۆزۆم پىشتى يە.
ئۆزۆمۆڭنى يەپ باقسام،
ئاچچىقكەن ئەھ.
ئاچچىقكەن ئەھ.



# ئاسماندا ئاي

ئاسماندا ئاي،
قۇم چۆگۈندە چاي.
ئۇسساپ قالسىلا،
خام تاۋۇزنى تىلاي.



# قارلىغاچ بىلەن مەن ئاداش

ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ،
قارلىغاچ بىلەن مەن ئاداش.
بىزنىڭ ئۆيگە ئۇۋا سال،
بولاي سەن بىلەن ئاداش.



# ئوينىمايمەن

ئوينىمايمەن، چوينىمايمەن،
ئىشتان - كۆڭلەك كىيمەيمەن.
ئاتام ماڭا كەمپۈت بەرمىسە،
مېنىڭ ئاتام دېمەيمەن.



# نېمە قىلىدۇ

— پۇت نېمە قىلىدۇ؟

— ماڭىدۇ.

— قول نېمە قىلىدۇ؟

— ئىشلەيدۇ.

— ئېغىز نېمە قىلىدۇ؟



— چاينايدۇ.

— بۇرۇن نېمە قىلىدۇ؟

— دەم ئالىدۇ.

— كۆز نېمە قىلىدۇ؟

— كۆرىدۇ.

— قۇلاق نېمە قىلىدۇ؟

— ئاڭلايدۇ.

— باش نېمە قىلىدۇ؟

— ئويلايدۇ.

— چاچ نېمە قىلىدۇ؟

— باشنى ئاسرايدۇ.

— ئادەم تېرىسى نېمە قىلىدۇ؟

— سېزىدۇ.


— ياخشى بالا ئاشۇنداق.

ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ.



# نەگە

— ئەمىتاخۇن نەگە؟
— سەمىتاخۇن نەگە؟
— مال باققىلى.
— مال نىمە يەيدۇ؟
— بىدە كۆكى،
قوناق شېخى.
— ئۆزلىرىچۇ؟
— تاپقاننى.
— تېخى يېتىپسىز،
لايغا پېتىپسىز.




# بىز يېپيېڭى ئۈنچىدەك

بالىلار چاقچان بولۇڭلار،
بەلنى مەھكەم تۇتۇڭلار.
بىر يېپتىكى ئۈنچىدەك
رىشتىڭلارنى چىڭتىڭلار.

چامغۇر - چامغۇر زەردەك،
بىز يىپتىكى ئۈنچىدەك.
ئىناق بولسا بارچىمىز،
بىزنى قانداق ئالغۇدەك؟

چامغۇر - چامغۇر زەردەك،
بىز يىپتىكى ئۈنچىدەك.
چامغۇر - چامغۇر زەردەك.
بىز يىپتىكى ئۈنچىدەك.




# ساناق قوشىقى

بىر - ئىككى - بىر،
بولۇپ قالماس كىر.
بولۇپ قالساڭ كىر،
يۇيۇنۇۋال بىر.
بىر - ئىككى - ئۈچ،
چوتكا، سۈرتكۈچ.
تۆت - بەش - ئالتە،
سوپۇن بىلەن لۆڭگە.
يەتتە - سەككىز - توققۇز،
ھەممە يېرىم پاكىز.



# پادىچى

هەي ـ هو ـ هۆ،
كالا ھەيدىدىم پىيادە.
هەي ـ هو ـ هۆ،
ھەيۋە قىلدىم كالتەكتە.
هەي ـ هو ـ هۆ،
پادا بېقىپ قوي ئالدىم.
هەي ـ هو ـ هۆ،
قوينى سېتىپ ئات ئالدىم.
هەي ـ هو ـ هۆ،
پادىچىلار ئاۋارە.
هەي ـ هو ـ هۆ،
قانداق قىلار بىچارە؟
هەي ـ هو ـ هۆ،
هەي ـ هو ـ هۆ...



# نورۇز



نورۇز كەلدى چېپىشىپ،
چىقتى كۆكلەر يەر تېشىپ.
خۇشال - خۇرام يايرىدۇق،
ناخشا - قوشاق ئېيتىشىپ.

نوزۇر كەلدى خۇش كۇلۇپ،
گۇل - غۇنچىلار ئېچىلدى.
دېھقانلارنىڭ يېرىگە،
ئۇرۇقلارمۇ چېچىلدى.



نوزۇر قۇتلۇق بىر كۇندۇز،
ھەممىمىزگە مېھماندۇر.
يىل ئىشىنى نورۇزدىن،
باشلىمىساق ياماندۇر.

# يېڭىلتماقلار

بىزنىڭ ئۆيدە تۆت بۆك بار.

*   *

بۆكنىڭ كۆپى كۆپنىڭ بۆكى،
كۆپنىڭ بۆكى بۆكنىڭ كۆپى.

*   *

قىشتا كىشمىش پىشماسمىش،
قىشتا پىشقان كىشمىشنى يېگىلى بولماسمىش.

*   *

كالتە قۇيرۇق قارا كالا،
ئالتە يېرى ئالا كالا.

*   *

رازاق چىقتى راۋاققا،
راھەت بولدى رازاققا.

* *

تام تۆپىسىدە تۆت تورغاي يورغىلىيالماسمىش.

* *

مەن موللام بىلەن چىغ توقماقداشماقچىدىم،
چىغ توقماقداشمىسىمۇ توقماقداشماقچىدىم.
مەن قۇشناچىمغا ئۇن تاسقاقداشماقچىدىم،
تاسقاقداشمىسىمۇ تاسقاقداشچاقچىدىم.

* *

قىرىق قۇرغۇي قىر تۆپىدە قىمىرلىيالارمۇ؟

* *

كىشى مېنى كىشى دېدى،
كىشىنى مەن كىشى دېدىم.
كىشى مېنى كىشى دېسە،
كىشى بىلەن نېمە ئىشىم.

